شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي
20
چارشەنبە
维吾尔文 1月20日
25312 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1 تيانشان تورى: www.ts.cn

شى جىنپىڭ دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، قوشۇمچە ئىجرائىيە رەئىسى سچۋابنىڭ تەكلىپى بويىچە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدا سىن شەكلىدە دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئالاھىدە سۆز قىلىدۇ.

100 يىللىق كۆرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

ئۈچقۇن بۇ جايدا دەسلەپ يالقۇنجىغان

ئىستون سۆزى

بۇ يىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈننى كۈتۈۋالىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، يۈز مىليونلىغان خەلق دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ شانلىق داستانىنى پۈتتى. «نەچچە مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋار ئىشلاردا، 100 يىل دەل جاسارەت ئۇرغۇغان دەۋر.» ھازىر ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلدى.

گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «100 يىللىق كۆرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش» مەخسۇس ئىستونىنى ئېچىپ، پارتىيەمىزنىڭ ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، ئازاب - ئوقۇبەت، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋامىدا زورىيىپ، خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، غەلبىدىن غەلبىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن ئۇلۇغ مۇساپىسىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىدۇ؛ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ كۆرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گەۋدىلىك نامايان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە سەپەرۋەر قىلىدۇ.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى گو جىڭدەن، شۇ شياۋچىڭ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جايغا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇن دەل شاڭخەي شەھىرىنىڭ خۇاڭپۇ رايونى نەنچاڭ يولى 100 - كوچا 2 - نومۇر بولۇپ، تامدىكى نام تاختىسىغا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان جاي» ۋە «‹يېڭى ياشلار› تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كونا ئورنى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. بۇ جايدا 100 يىلدىن ھالقىغان نۇرغۇن قىزىل ئەسلىمە خاتىرىلەنگەن، بۇ گۈزەل كۈندە، دائىم نۇرغۇن كىشى كېلىپ بۇ شىكۇمېن ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.

100 نەچچە يىل ئىلگىرى، بۇ جاي فرانسىيە كونسېسسىيەسىدىكى كونا يۇياڭلى 2 - نومۇر ئىدى. 1920 - يىلى، چېن دۇشيۇ قاتارلىقلار بۇ جايدا ئىش بېجىرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي تەشەببۇس قىلىش گۇرۇپپىسى بۇ جايدا قۇرۇلغان. «يېڭى ياشلار» تەھرىر بۆلۈمىدە، ئىلغار ياشلار قىزغىن مۇنازىرە قىلىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يۆنىلىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇ ئاددىي تار كوچا ماركسىزمنى تەتقىق قىلىش، تارقىتىش مەركىزى بولۇپلا قالماي، يەنە زور بىر تۈركۈم ئىرادىلىك ياشلارنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جەلپ قىلغان.

شاڭخەي شەھەرلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى شىن يىلىڭ مۇنداق دېدى: يۇياڭلىدا «ئۈچقۇن دەسلەپ يالقۇنجىغان»دىن تارتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغىچە، پارتىيەمىز بىر ھازىرقى زامان سىياسىي پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي مۇھىم ئامىلى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ لوگىكىلىق جەريانىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىغان.

كونا يۇياڭلى 2 - نومۇردا، چېن دۇشيۇ چېن ۋاڭداۋ تەرجىمە قىلغان «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ تۇنجى جۇڭگو يېزىقىدىكى تولۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغان. 1920 - يىلى 8 - ئايدا، جۇڭگو تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن بۇ كىتابچە رەسمىي نەشر قىلىنغان. «بىر ۋەھىمە، كوممۇنىزم ۋەھىمىسى ياۋروپادا ئارىلاپ يۈرۈپتۇ...» 100 نەچچە يىلدىن بۇيان، كىتابچىدىكى ھەقىقەت جۇڭگو زېمىنىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز شېرىن مېۋە بەردى. ھازىر، تۇنجى نەشردىكى قىزىل مۇقاۋىلىق «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دىن پۈتۈن مەملىكەتتە ئاران 12سىلا بايقالغان، شاڭخەيدە بەشى ساقلانغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ جاراڭلىق مېلودىيەسى ياڭرىدى

[تەھرىر ئىزاھاتى] پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «100 يىللىق كۆرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش» ئىستونىدا «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى» يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرىنى بېرىپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھەر تەرەپلىمە نامايان قىلىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى①

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ شياڭ

2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇنداق ئۇقتۇرۇش چىقاردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چىكىندۈرۈلدى، 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

كۆككە تاقاشقان دەرەخنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ؛ ئەزىم دەريانىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت، مەبلەغ، تۈر قاتارلىق جەھەتلەردە مايىللىشىش، قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ جاراڭلىق مېلودىيەسى ياڭرىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەپ يەتكۈزدى

«ئائىلىمىزدە پەقەت ئىككى كالا ۋە سەككىز قوي بار، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىدىن سىرت، يەنە ئۈچ بالامنى مەكتەپتە ئوقۇتىمەن، بۇنداق كۈنلەر يەنە قانچە ئۇزاق داۋاملىشاركىن؟» ئىلگىرى، كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چوڭقۇر، خەتەرلىك جىلغا ئارىسىدا تۇرىدىغان ئابلىمىت ئابلىكىم ھەر قېتىم خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندا، ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقاپ قوياتتى.

2017 - يىلى، دۆلەت شىنجاڭغا 8 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجراتتى، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش رايونى قۇرۇلۇشى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەل جايىدا رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئابلىمىت ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 مىڭدىن كۆپرەك نامرات ئامما كۆچۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن)يىغىنىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈتۈپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۈكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن)يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات - مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش سىياسىي ئىقتىدارى، ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى، كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «14 - بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەملىكەتلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخىكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەم، ماددىي ئەشيا تەڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنى پىلانلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى رايىدەنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندىلا، تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابىدا خىزمەتچى خادىملار ئالاقىدار سىياسەت ۋە تۈرلەرنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، سىناق رايوننى پىلانلاش ئۈچۈن ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. نۆۋەتتە، تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنى پىلانلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان.

2020 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گوۋۇيۈەن ئومۇمىي ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ تارباغاتاي نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ سىناق رايونى دېيىلىدۇ)نى تەسىس قىلىشقا تەستىقى جاۋاب بېرىپ قوشۇلدى. سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تېزدىن سەرخىل كۈچلەرنى ئاجرىتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

«يەرلىك مۇتەخەسسىس» ئېتىزدا دەرس سۆزلىدى

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، كۇچا شەھىرى ئۇچا بازىرىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى «يەرلىك مۇتەخەسسىس»ى كەنت ئاھالىلىرىگە شوخلا تېرىش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرمەكتە. بۇ شەھەر 100دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى «يەرلىك مۇتەخەسسىس»نى تەشكىللەپ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تېخنىكا يەتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

☐ ۋۇ يۈ فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېچىش قارار قىلىندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 54 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش نىزامى(لايىھە)» ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新疆报业传媒集团